# ئانا ۋەتەندە ھجرەتكە ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئاتالغان سۆزلەر

## مۇندەرىجە


١. سۆز: ھىجرەتنىڭ مەنىسى ........................................ ٥

٢. سۆز: ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ............................ ٥

٣.سۆز: ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟ .................................. ٦

٤.سۆز: ئىسلام دىيارى ۋە كۇفرى دىيارى مەسلىسى ....................... ٦

٥. سۆز: ھىجرەت توغرىسىدا مەزھەپ قاراشلىرى ............................ ٧

٦.سۆز: ھىجرەتنىڭ شەرتلىرى.......................................... ٧

٧.سۆز: ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى ............................... ٨

٨.سۆز: باشقا بىر دىيارغا ھىجرەت قىلىش بىلەن كۆچۈشنىڭ پەرقى.............. ١٢

٩.سۆز: ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھىجرەت پەرز، دەپ پەتىۋا بېرىش توغرىمۇ؟........... ١٣

١٠.سۆز: ئالللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمەن دەپ، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىشقا بولامدۇ؟ ........................................ ١٤

١١.سۆز: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قارىغۇلارچە ھىجرەتكە چاقىرغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا زادى كىملەر بار؟ ........................................ ١٤

«ئادەم سودىگەرلىرى» ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات.......................... ١٥

١٢.سۆز: ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرگە قۇچاق ئاچىدىغان ھەقىقي ئىسلام دۆلىتى بارمۇ؟ ........................................ ١٦

١٣.سۆز: مەيلى ھىجرەت قىلغان ياكى كۆچەپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدۇ؟ ١٧

١٤.سۆز: ئافغانىستان ھىجرەت نىشانى بولالامدۇ؟ .............................. ١٧

١٥.سۆز: سۇرىيە ھىجرەت نىشانى بولالامدۇ؟ ................................. ١٨

١٦.سۆز: ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ياكى مىللەتچىلىك قىلمايمەن دەپ ، ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنى ئۇنتۇشقا بولامدۇ؟ ........................................ ١٩

ئىسلام كۆرسەتكەن توغرا ۋەتەنپەرۋەرلىك: ...................................... ٢١

ئىسلام رەت قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك: ....................................... ٢٢

١٧.سۆز: ۋەتەننى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىش، قانداق خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ؟....... ٢٣

١٨.سۆز: ٦٠ يىلدىن بۇيان چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتىغا بىر نەزەر........ ٢٤

١٩.سۆز: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە سەۋرسىزلىك مەسلىسى ھەققىدە،.......... ٢٥

٢٠. سۆز: مۇئمىنلەرنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش كاپىرلارنىڭ ئورتاق پىلانىدۇر ....... ٢٦

ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىتى ........................................ ٢٧

تاتارلارنىڭ ھىجرىتى.......................................................................... ۲۸
مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئورتاق سىياستى ............................................................۲۹
۲۱.سۆز: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نېمە بىلەن قۇراللىنىشى ۋە يەنە نېمە قىلىشى كېرەك؟ ...............۲۹

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

بارچە ھەمدۇسانا ئىنسانلارغا ئۇلۇغ دىننى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە چاقىرغان، ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆزىنىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا نائىل قىلغان، ئالەملەرنىڭ رەببى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ، دۇئا ۋە سالاملىرىمىزنى يوللايمىز. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلارغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمىز.

شۇنداقلا، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بارلىقىنى ئاتىغان، تۇغۇلغان يەرنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن، ئاتا-ئانىنىڭ ۋە قەۋم -قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتىدىن كېچىپ، ھىجرەت سەپىرىگە ئاتلىنىش كويىدا بولۇۋاتقان ئىخلاسمەن، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا جانابى ئاللاھ تائالادىن ئامانلىق ۋە ھەر ئىشتا توغرا يۆنىلىشتە ئىش كۆرۈشكە مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز.

ھىجرەتكە ئىنتىلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەش يولىدا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ مېھرى ئىسسىق ئانا ۋەتەندىن، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەھلى يۇرت، جامائەت ۋە ھەتتا ئۆي زېمىنلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، بۇ خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىپ چىقىشى ئۇلاردىكى جاسارەت ۋە تەۋرەنمەس كۈچلۈك ئىرادىنىڭ نامايەندىسى. بىز چەتئەللەردە ٣٠ يىلدىن بۇيان، ئۇلار جان تىكىپ تەلپۈنۈۋاتقان ئاشۇ شېرىن مۇھاجىر ھاياتىنىڭ قۇربانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىكى ھىجرەت مەسىلىسىنى توغرا شەكىلدە بايان قىلىش بىلەن بىرگە، چەتئەللەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن ۋە ئاچچىق ھەقىقەتلەردىن راستچىللىق بىلەن خەۋەر بېرىشكە تىرىشىۋاتىمىز.

بىز ھەرگىزمۇ ھىجرەتكە قارشى تۇرماقچى ئەمەسمىز. ئۇنداق قىلىش بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىز بەزىبىر يامان نىيەتلىك ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ۋە ئۆزلىرىمۇ كىمنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ-بىلمەي چاقىرىۋاتقان خاتا ھىجرەت چاقىرىقلىرىغا ئالدىنىپ كېتىۋاتقان ياكى ئالدىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاقكۆڭۈل، ساددا قېرىنداشلىرىمىزغا ھىجرەت ھەققىدىكى ھەقىقەتنى ۋە چەتئەللەردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالدىنىپ كېتىشتىدىن، تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتىشىدىن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە قوغداپ قېلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىمىزگە خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن توغرا مەلۇمات بېرىش ۋە توغرا يول كۆرسىتىشتىن باشقا بىر غەرىزىمىزنىڭ يوقلىقىغا جانابى ئاللاھ تائالا گۇۋاھتۇر. ئانا ۋەتەندىكى ئاقكۆڭۈل، ئىخلاسمەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىدىن ئاچچىق سۆزلىسىمۇ، ھەقنى سۆزلەيدىغان، توغرا نىيەتلىك بۇ دوستلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىنى ۋە بۇ سۆزلەر ئۈستىدە ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ﴿ إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْلَاحَ مَا اسْتَطَعْتُ﴾ يەنى ﴿ مەن پەقەت كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە (سىلەرنى) ئىسلاھ قىلىشنىلا خالايمەن﴾ (١)

---

(١) ھۇد سۈرىسى ٨٧-ئايەت.

## ١. سۆز: ھىجرەتنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدىكى «الهجرة» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن تەرك ئېتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئىسلام ئىبرىمىنلىرىدە بولسا، تەرك ئېتىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش، يەنە بىرى جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىشتۇر. مەنىۋى جەھەتتىن تەرك ئېتىش گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« المهاجر من هجر ما نهى الله عنه» يەنى« مۇھاجىر ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[٢] دېگەن سۆزى بۇ مەنىدىكى تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما جىسمانىي جەھەتتىن تەرك ئېتىش دېگەن ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلىنىغان جايدىن ئەقىدىسىنى ۋە جېنىنى قوغدىيالايدىغان بىر جايغا كۆچۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھىجرەت مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇيرۇلغان.

## ٢. سۆز: ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى مۇھىم بولۇپ، ساۋابى ئەڭ كۆپ ئەمەل ئىبادەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتە جەننەتنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الذينَ آمَنوا وهاجَروا وجاهَدوا في سَبيلِ اللهِ بأموالِهِم وأنفُسِهِم أعظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللهِ وأولئكَ هُمُ الفائزونَ﴾ يەنى ﴿ ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئۇتۇق قازانغۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر﴾.[٣]

يەنە ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇ دۇنيالىق ھاياتىدىمۇ كەڭچىلىككە نائىل بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً وَمَن يَخْرُجْ مِن بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[٤]

ھىجرەتنىڭ كاتتا ئورنى ۋە يۇقىرى دەرىجىسى ئىسلام كالېندارىنىڭ ھىجرەتتىن باشلىنىشىنى تەقەززا قىلغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يىلنامىسى بولۇشى كېرەكلىكى ۋە بۇ يىلنامىدا قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە، ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ٥٧١- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان ٦١٠- يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ٦٢٢- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش

---

(٢) ئىما بۇخارى رىۋايىتى.

(٣) تەۋبە سۈرىسى ٢٠- ئايەت.

(٤) نىسا سۈرىسى ١٠٠- ئايەت.

يلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

دېمەك، ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلگەن يىلىدىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقەلىك ئىدى.

### ٣.سۇئال: ھىجرەتنىڭ ۋاقتى توختىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگىنى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللام:« لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها» يەنى «تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمىگۈچە ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ، قۇياش مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىمەيدۇ»(٥) دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ « ھىجرەتنىڭ ۋاقتى توختىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى»دېگەن سۆزىنى ئۆلىمالار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى توختىدى، دەپ شەرھلەيدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەقىدىنى ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئاشكارا ئورۇندىغىلى بولمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى سەۋەبلىك ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلىنغان جايدىن ئىسلام ئەقىدىسى قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئېلىنىدىغان جايغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

### ٤.سۇئال: ئىسلام دىيارى ۋە كۇفرى دىيارى مەسىلىسى

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سەرەخسى ئىسلام دىيارىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەت قىلىنغان دۆلەت» دەپ تەرىپلىگەن.

شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشىۋالىرىغا كۆرە، ئىسلام ئەھكاملىرى يۈرگۈزۈلىدىغان ياكى ئاھالىسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن تەركىب تاپقان ياكى ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلار قوغلاپ چىقىرىلغان جايلار ئىسلام دىيارىدۇر.

بۇنىڭغا بىنائەن، ئىسلام دىيارى مەيلى ئۇ جايلارنى كاپىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۇلارنى ئىگىلىۋالسۇن، ھېچبىر ۋاقىت دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىدۇر. پەلەستىن، چېچەنىستان بۇنىڭ مىسالى. پەلەستىننى يەھۇدىيلار بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۇفرى دىيارى بولۇپ قالامدۇ؟ ياق! ئۇ ئىسلام دىيارىدۇر.

ھازىرقى كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، ئىسلام ئەھكاملىرى تولۇق ئىجرا قىلىنمايدىغان دۆلەتلەرمۇ ئىسلام دىيارلىقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئەمما كۇفرى دىيارى مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىنىڭ ياكى جېنىنىڭ ئامانلىقى كاپالەت قىلىنمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئەقىدىسىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان دۆلەت ئىكەنلىكىگە بارلىق ئۆلىمالار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىتتىپاقتۇر. كۆپلىگەن ئۆلىمالار ھازىر كۇفرى دىيارى يوقلىقىنى، بەلكى مۇئاھىدە دىيارى يەنى كاپىر بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەت قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ، كانادا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى كۇفرى دىيارى بولسىمۇ، ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ئەركىنلىكى ۋە جان ئامانلىقى كاپالەتكە ئېلىنغانلىقى، سىرتتىن كىرگەنلەرنىڭمۇ

---

(٥) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان ھەدىس.

شۇنداق ئامانلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى. بەلكى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە دىنىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىگەن ياكى تۈرمىلەرگە مەھكۇم قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۇفرى دىيارلىرىدا ئەركىن ھايات كەچۈرگىنىمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

## ٥. سۆز: ھىجرەت توغرىسىدا مەزھەپ قاراشلىرى

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرىدىن كامال ئىبنى ھەمام مۇنداق دېگەن: «ھىجرەتنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالغان بولۇپ، پەقەت كۇفرى يۇرتىدا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىيارىغا يۆتكىلىشىلا قالغان.»[٦]

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن مەلۇمكى، ھىجرەت ئۆزى ئىمان ئېيتقان جايدا ئىماندىن يېنىشقا زورلانغان كىشىلەر ئۈچۈنلا پەرزدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ئاببىاس قاتارلىق كىشىلەر بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەككىدە كۇففارلارنىڭ يېنىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت بەرگەن.»[٧]

مالىكىي مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرىدىن ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دېگەن:« ئىمام مالىك ھەققەت بويىچە ئىش كۆرمەيدىغان، سۈننەتكە بۇزۇقلۇقلاردەك ئەمەل قىلىنمايدىغان جايدا تۇرماسلىق لازىم» دېگەن. ئەبۇ ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى شەرھلەپ« ئىمام مالىكنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى: ئەگەر ھەققەتكە تولۇق ئەمەل قىلىندىغان جاي تېپىلسا، شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر»دېگەن.[٨]

ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرىدىن ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلار ھىجرەت مەسىلىسىدە ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، تۇرغان يېرىدە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ئاشكارا قىلىشقا پىتىنالمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قالغان، ھىجرەت قىلالاي دېسە كۈچى يېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىشى پەرزدۇر. ئىككىنچىسى، ھىجرەت قىلىشى كېرەك بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغانلاردۇر. ئۈچىنچىسى، ھىجرەت قىلىشى پەرز ئەمەس، بەلكى مۇستەھەب (يەنى قىلسا ياخشى، قىلمىسا گۇناھ يوق) كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار تۇرغان يېرىدە ئەقىدىسىنى ئاشكارا قىلالايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئازادە قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.»[٩]

## ٦.سۆز: ھىجرەتنىڭ شەرتلىرى

**ھىجرەتنىڭ بىرىنچى شەرتى:** ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ۋە جان ئامانلىقى بولمىغان، ھىجرەت قىلالاي دېسە ئۇنىڭغا كۈچى يېتىدىغان شارائىتتا بولۇشتۇر. ئۇنداق بىر خەۋپ مەۋجۇت بولمىسا ھىجرەت پەرز بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆزىمۇ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كېڭەش يىغىنىدا ئۆزىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ جازانىڭ شۇ كېچىسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن ھىجرەت قىلغان.

---

(٦) «فەتھۇلقەدىر»نىڭ شەرھى ١-توم، ٣٤٩-بەت.

(٧) ئىمام شافىئىينىڭ «ئەل ئۇم» نالىق ئەسىرى١-توم، ١٦١-بەت.

(٨) ئىبنى ئابدۇلبىرنىڭ« ئەل ئىستىزكار» ناملىق ئەسىرى٥- توم، ١٧-بەت.

(٩) ئىبنى قۇدامەنىڭ «ئەل مۇغنى» ناملىق ئەسىرى٩- توم، ٢٣٦-٢٣٧- بەتلەر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھىجرەت توغرىلىق سورالغاندا ئۇ مۇنداق دېگەن:«بۈگۈن ھىجرەت يوق، بۇرۇن مۆمىنلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەرەپكە قاچاتتى. لېكىن ھازىر ئاللاھ تائالا ئىسلامنى ئاشكارىلىدى (ئۈستۈن قىلدى ). مۆمىن كىشى پەرۋەردىگارىغا خالىغان يەردە ئىبادەت قىلالايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ھىجرەتنىڭ پەرز بولۇشىنى ئۇ كىشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇش شەرتىگە باغلىغان.

**ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى شەرتى:**ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ھىجرەت قىلىپ بارسا بولىدىغان بىر جاينى تاللىغان ۋە ئۇ جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى تامامەن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ساھابىلىرىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن: بىرىنچى قېتىم ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىدا، ئۇلارغا «ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئادالەتلىك بىر پادىشاھ بار» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە ساھابىلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا قارىتا تولۇق ئىشەنچ بولمىغان بولسا، ساھابىلىرىنى ئۇ جايغا ھىجرەت قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى. ھەتتا مەدىنە ھىجرىتىدىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ھىجرەت قىلىپ بارغۇچىلارنى كۈتۈش ۋە قوغداش ھەققىدە ئەھدە ئالغان. مەسىلەن: مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقەبە دېگەن جايدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۆۋەتلىك بەيئىتى جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن مەككىدىن بارىدىغان مۇھاجىرلارنى ئۆز باللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى قوغدىغاندەك جان تىكىپ قوغدىشى ھەققىدە ۋەدە ئالغان. ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئەقەبە بەيئىتى جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىۋاتقان ٧٥ كىشىگە قاراپ:«ئى مەدىنىلىكلەر! مۇھەممەدنىڭ قەۋمىمىز ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى بىلىسىلەر. ئۇنى بىز ھازىرغىچە قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ئەمدى سىلەر تەرەپكە كېتىشنى قارار قىلدى. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوغدىيالىساڭلار، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالىساڭلار، بولدى ئۇ سىلەرگە بارسۇن» دېگەندە، ئۇلار «يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىلنى ئۆز باللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز»دەپ ئەھدى بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇنىڭغىمۇ كۇپايە قىلماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەبىلە چوڭلىرىدىن ١٢ كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قوغدىشىغا كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلار كاپالەت بەرگەن.

**ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى:** ھىجرەتكە نىيەت قىلغاندا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەسلى ۋەتەنگە قايتىش نىيىتى بولۇش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قىلغان ھىجرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، قايتىپ كېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى.ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارمۇ ھەرگىز ئۇيەردە يەرلىشىش ئۈچۈن بارمىغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلارمۇ، مەككىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن.

ئەمما بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەزىيىتىمىز ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. بىز بىرلا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتسەك ئىككىنچى قېتىم ئۇ ۋەتەنگە قايتالمايمىز. چۈنكى قايتىش بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

## ٧.سۆز: ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى

مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى كەسكىن ھالدا ھىجرەتكە چاقىرغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەتنى چەكلىگەن ھەدىسلىرىنىڭ

مەزمۇنلىرى بىلەن سىلىشتۇرغان ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئىسلامدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ھىجرەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

*بىرىنچى تۈرلۈك ھىجرەت:* مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جېنى تەھدىتكە ئۇچرىغان شارائىتقا دۇچ كەلگەن جايدىن پەقەت دىنىنى قوغداش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە كۆچلىنىپ قايتىپ كېلىش مەقستى بىلەن دىنىي ئەقىدە قوغدىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى ۋە مال-مۈلكى ئامانلىققا ئېرىشىدىغان باشقا بىر جايغا كۆچۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان ھىجرەت بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىك كۇففارلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تۇرۇپ، ساھابىلىرىنى كۇففارلارنىڭ زۇلۇمىدىن توسىيالمىغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولاتتى. ئاخىرى ئۇلارغا «ئەگەر سىلەر ھەبەشىستانغا بارساڭلار، ئۇ يەردە ھېچكىمنى زۇلۇمغا ئۇچراتمايدىغان بىر پادشاھ بار، ئۇ راستچىللىق ماكانىدۇر. بەلكى ئاللاھ سىلەرگە شۇ يەردە بىر چىقىش يولى بېرىپ قالار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى باشلىۋەتتى.[(١٠)]

ئىبنى قەييىم مۇنداق دەيدۇ:« مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىشى بىلەن كاپىرلار بۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئازابلاشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ بىلەن ساھابىلىرگە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى.»[(١١)]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا مەككىنىڭ مۇشرىك كۈچلىرى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سالغان ۋە ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالمىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا( ھازىرقى ئېفىوپىيە) ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ھەبەشىستانغا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە ١١ ئەر، تۆت ئايال، جەمى ١٥ كىشى ئاتلانغان بولۇپ، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇلارنى قوغلاپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا كەلگىنىدە، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئىككى كېمىنى كىرالاپ ھەبەشىستان تەرەپكە قوزغىلىپ بولغان. بۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن بەش يىل كېيىن، مىلادىيە ٦١٥- يىلى رەجەب ئايدا بولغان. ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە ٨٣ ئەر، ١٨ ئايال، جەمى ١٠١ كىشى ئاتلانغان ئىدى.

*ئىككىنچى تۈرلۈك ھىجرەت:* مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى چەكلەنگەن جايدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ بېرىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئۇلار بارسا قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جېنى، مال-مۈلكى دۆلەت تەرەپتىن  قوغدىلىدىغان بىر ئىسلام دىيارىغا شۇ جايدا ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشۇش مەقستى بىلەن ھىجرەت قىلىپ بېرىش بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قىلغان ھىجرىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ئىسلام بايرىقى تىكلەنگەن، ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىشقا باشلىغان ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ كۈچلىنىشكە ئەڭ زور موھتاج بولۇۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى تەرك ئېتىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋە قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان. ھەتتا ئۆزرىسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك

---

(١٠) ئىبنى ئىسھاقنىڭ «السيرة النبوية»ناملىق ئەسىرى ٢- توم، ١٦٤-بەت

(١١) ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ«زاد المعاد»ناملىق ئەسىرى١-توم، ٩٧-بەت.

ئەتكۈچلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە ئايەتلەر چۈشكەن. قۇرئان كەرىمدىكى ھىجرەتكە چاقىرىدىغان، كەسكىن چاقىرىقلار ۋە ياكى ھىجرەتكە ئاتلانمىغانلارنى ئەيىپلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئوخشاش بىر مەزگىلدە (مەككە پەتھىدىن بۇرۇن) نازىل قىلىنغان ئىدى، ئەگەر بىز ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز، مەسىلەن:

١- (مەككە پەتھىدىن بۇرۇن) بەدىر ئۇرۇشى ھارپىسىدا، مەككە مۇشرىكلىرى ئادەم سانىنى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مەككىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ بەدرى ئۇرۇشىغا بىرگە سۆرەپ چىقىدۇ. مەزكۇر مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئوقيا تېگىپ ۋە يەنە بىرى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەندە ساھابىلەردىن بەزىسى: «ئۇلار بىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىمىز تۇرسا، ئۇلار پەقەت مۇشرىكلارنىڭ زورى بىلەن ئۇرۇشقا چىققان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ھەر خىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار دەپ سۈپەتلىگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى چۈشۈردۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُمْ مِنْ وَلَايَتِهِمْ مِنْ شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُوا﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر. ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر. ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش بولمايدۇ﴾[١٢]

. تەپسىر تەبەرى، تەپسىر جەلالەين، تەپسىر شەئراۋى، تەپسىر بەغەۋى، تەپسىر قۇرتۇبى قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتنىڭ مەككىدىن– مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۆي زېمىنلىرى ۋە ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تارتىشىپ ھىجرەت قىلمىغان ۋە ئۆزرىسىز تۇرۇپ، كۇففارلار بىلەن ياشاشقا رازى بولغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

٢- (يەنە مەككە پەتھىدىن بۇرۇن)، ئاللاھ تائالا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ﴿فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّى يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغىچە ئۇلاردىن ھېچكىمنى دوست تۇتماڭلار﴾[١٣]

٣- (يەنە مەككە پەتھىدىن بۇرۇن)، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئايال ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاياللارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت ئاڭلىمىدۇققۇ؟، دېگىنىدە، تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولىدۇ: ﴿أَنِّي لاَ أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى بَعْضُكُم مِّن بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخْرِجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُواْ وَقُتِلُواْ لأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ﴾ يەنى ﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى

---

(١٢) ئەنفال سۈرىسى٧٢-ئايەت.
(١٣) نىسا سۈرىسى٨٩-ئايەت.

(مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن﴾[14]

٤- (يەنە مەككە پەتھىدىن بۇرۇن)، ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار باشلىنىشقا بىر كۈن قالغاندا (يەنى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى) مەككە مۇشرىكلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىككىنى ئەسىر ئالغان ۋاقىد بىن ئابدۇللا ۋە ئابدۇللا بىن جەھش ناملىق ئىككى ساھابە «ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا قان ئاققۇزدى» دېگەن تاپا مالامەتكە قالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ« ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ جەڭدىن ساۋاب ئۈمىد قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئاللاھ تائالا مۇنداق جاۋاب بەردى: ﴿إن الذين آمنوا والذين هاجروا وجاهدوا في سبيل الله أولئك يرجون رحمت الله والله غفور رحيم﴾ يەنى ﴿ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[15]

٥- (يەنە مەككە پەتھىدىن بۇرۇن) ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن يۈز ئۆرۈپ ماڭغان مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ساھابىلەر ئىككىگە بۆلۈنگەن چاغدا، تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولىدۇ: ﴿ وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَاءً فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّى يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴾ يەنى ﴿ ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغىچە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر يۈز ئۆرىسە، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار﴾[16] يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر مەزگىلدە (مەككە پەتھىدىن بۇرۇن) چۈشكەن ئايەتلەر بولۇپ، بەزىلەرنىڭ بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى ۋە ئۇ ۋاقىتتىكى شەرت – شارائىتلارغە باغلىماستىنلا، گويا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ۋەتەندىكى مۇسۇلمانلارغا مەخسۇس نازىل قىلىنىۋاتقاندەك كۆرسىتىپ شەرھلەپ تەپسىر قىلىشى ۋە ئۇنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئاقكۆڭۈل، ساددا مۇسۇلمانلارنىڭ كالللىسىنى قايمۇقتۇرۇشتەك ھەرىكەتلىرى ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

***ئۈچىنچى تۈرلۈك ھىجرەت:*** ئىسلام دىنىغا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، پەقەت شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئەركىن-ئازادە بىر ئىسلام دۆلىتىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ھاياتىنى كەڭتاشا داۋام قىلدۇرۇشى مەقسەت قىلىنغان ھىجرەت بولۇپ، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان. چۈنكى مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن، كۆپ كىشىلەر مەككىدىن ۋە باشقا جايلاردىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن توسۇپ، تۇرغان جايلىرىدا قېلىشقا ۋە ئىسلامنى شۇ جايلاردا قانات يايدۇرۇشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن:

(١) مەككە فەتھىدىن كېيىن، مۇجاشى ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى ئىنىسى مۇجالىد ئىبنى مەسئۇدنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنىم مۇجالىد ھىجرەت ئۈچۈن بەيئەت قىلغىلى كەلدى» دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«مەككە فەتھىدىن

---

(١٤) ئال ئىمران سۈرىسى ١٩٥ – ئايەت

(١٥) بەقەرە سۈرىسى ٢١٨ ئايەت.

(١٦) نىسا سۈرىسى٨٩-ئايەت.

كېيىن ھجرەت يوق. ئەمما مەن سىنىڭ ئىسلامدا، ئىماندا مەھكەم بولۇش ۋە ئاللاھ يولدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قىلدىغان بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلاي» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇنى مەدىنىگە ھجرەت قىلىشتىن توسقان.

(٢) ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، سەھرالىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھجرەت توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«ھجرەتنىڭ ئىشى بەك قاتتىق. سىنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟»دەپ سورايدۇ. ئادەم تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم بېرىۋاتىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« تۇرغان يېرىڭدە ئىشىڭغا داۋام قىلغىن، ئاللاھ سىنىڭ ئەمىلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ»دەيدۇ. يەنى بۇ ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا بىلگىنىچە ئەمەل-ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدۇ.

(٣) سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە، «ھجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«سەن مەككىگە قايتقىن. سىلەر شۇ جايدا تۇرۇشقا داۋام قىلىڭلار. چۈنكى ھازىر ھجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى»دەيدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىپ، ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ھجرەتنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرگەن.

## ٨.سۆز: باشقا بىر دىيارغا ھجرەت قىلىش بىلەن كۆچۈشنىڭ پەرقى

ھجرەت دېگىنىمىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغاندەك، بىر مۇسۇلماننىڭ دىنى ئەقىدىسى، ئەقىل- ئىدراكى، جان ئامانلىقى، ئىززەت – ئابرۇيى ۋە مال مۈلكى قاتارلىق بەش چوڭ ئاساسى ھوقۇقىنىڭ بىرى تەھدىتكە ئۇچرىغان سەۋەپتىن، ئاللاھدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلغان ھالدا، ئۆز دىيارىنى تاشلاپ، باشقا بىر دىيارغا كۆچۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تىجارەت، ساياھەت، تۇغقان يوقلاش، ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇش، داۋالىنىش قاتارلىق ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلى چەتئەلگە چىقىش، ھەتتا چەتئەلدە ياشاش نىيىتى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ يەرلىشىپ قېلىشنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ھجرەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، بۇ تۈردىكى كۆچۈشلەر ئىسلام كۆرسەتمىسىدە: مۇباھ ھىساپلىنىدۇ (ساۋاپىمۇ يوق، گۇناھىمۇ يوق).

دېمەك: بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈپ بېرىپ يەرلىشىشى، ئىسلام كۆرسەتمىسىدىكى «ھجرەت» شەرتلىرىگە تولۇق چۈشىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ھجرەت قىلغۇچى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ھجرىتى ئىسلام كۆرسەتمىسىدىكى ھجرەت شەرتلىرىگە تولۇق چۈشمەيدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆزى ئۈچۈن باشقا بىر يۇرتقا كۆچكەن «كۆچمەن» بولىدۇ.

**مۇھىم ئەسكەرتىش:**

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چەتئەلگە ئېنتىلىشى،مەيلى نورمال يوللار ئارقىلىق ۋە ياكى خەتەرلىك قاچاق يوللار ئارقىلىق چەتئەلگە كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە ئەۋج ئېلىشىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى «ئۇيغۇرلارنى چەتئەلگە چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق

قوتتۇلۇش» سىياسىتىگە ئىنتايىن ماس كېلىشى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنى بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ.

تىخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى ۋەتەندىكى چاغلىرىدا دىنىي خىزمەت، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان جامائەت ئەربابى بولغان بىر قىسىم سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ چەتئەللەردە بىر كىشىلىك تۇرمۇش ۋە جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە توزغاقتەك توزۇپ كېتىۋاتقانلىقى _ ئاچچىق بىر ھەقىقەت بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى ئېچىنماي تۇرالمايدۇ.

**٩.سۇئال: ئومۇميۈزلۈك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھىجرەت پەرز دەپ پەتىۋا بېرىش توغرىمۇ؟**

ئىسلام تارىخىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن باشقا ھېچبىر ھىجرەت ئومۇميۈزلۈك بۇيرۇلمىغان. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىش، كۈچ-قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. مەدىنە ھىجرىتىدىن باشقا ھىجرەتلەر ئومۇميۈزلۈك بۇيرۇلمىغان. چۈنكى ھىجرەتنىڭ پەرزلىكى بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا ، بىر شەخستىن يەنە بىر شەخسكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بەزى كىشىلەرگە پەرز بولۇپ قالسا، يەنە بەزىسىگە پەرز بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاbbas قەۋم-قېرىنداشلىرى كۈچلۈك بىر قەبىلىدىن بولغانلىقتىن، ئۇ مەككىدە دىنىدىن ياندۇرۇلۇش خەۋپىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەككىدە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان. ئەمما بىلال، سۇھەيب قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارقا تېرىكى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار كاپىرلار تەرىپىدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە ۋە دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىيناشلارغا ئۇچرىغان. شۇڭا مۇنداق ساھابىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا جايلارغا ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە رۇخسەت بەرگەن. ئەمدى مۇشۇ پەيتتە «پۈتۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە ھىجرەت پەرز» دېسەك توغرا بولامدۇ؟ ئۇيغۇرلار دىنىدىن ياندۇرۇلۇش خەۋپىگە ئۇچراپ قالدىمۇ؟ ئۇچرىدى دېگەندىمۇ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىدىمۇ؟ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى بىر خىلمۇ؟

جاۋاب: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە ھىجرەت پەرز ئەمەس. ھىجرەتنىڭ شەرتلىرى، ماھىيىتى، غايىسى ۋە ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ھۆكۈم چىقارماقچى بولساق، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھەر قانچە قېيىن ئەھۋالدا بولغان تەقدىردىمۇ، «پۈتۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھىجرەت پەرز» دەپ پەتىۋا بېرىش ھەرگىز توغرا بولمايدۇ.

چۈنكى ئۇنداق بىر پەتىۋا بىرىشتىن بۇرۇن، ئەڭ ئاۋۋال شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ نەگە بارىدىغانلىقى، قانداق بارىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا قايسى دۆلەتنىڭ ئىگە چىقىدىغانلىقى قاتارلىق سۇئاللارغا جاۋاب تېپىشىمىزغا، شۇنداقلا ھىجرەتنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى تولۇقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمما ۋەتەندىكى بەزىبىر كىشىلەرنىڭ تۈرمىلەردە چىرىپ تۈگەپ كەتكىنىدىن ياكى ياش ناھەق ئۆلتۈرۈلگىنىدىن كۆرە، چەتئەلگە چىقىپ مۇمكىن بولغان خىزمەتنى قىلىشقا تىرىشىشى لازىم، ئۇنداق بولغاندا جان ئامانلىقى چوقۇم تەھدىتكە ئۇچرىغانلار، مەيلى مۇشۇ قارامىلىق يولى بىلەن بولسىمۇ

چەتئەلگە چقىپ كەتسە بولىدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈمنى جان ئامانلىقى تەھدىتكە ئۇچرىمىغان نورمال ھايات كەچۈرۈۋاتقان خەلق ئاممىسىغىمۇ قارىتىش ھەرگىز توغرا ئەمەس، بۇنداق خاتا پەتۋانى بەرگۈچى ۋە ياكى تەشۋىق قىلغۇچىلار ئۇيغۇرلارنى ھىجرەت قىلدۇرۇۋېتىش سىياسىتىگە ماسلىششىقا مەجبۇرلانغانلار بولۇشى مۇمكىن.

### ١٠.سوئال: ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىتتىرىش توغرىمۇ؟

ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى ئىسلامى ھاياتنىڭ ئىنتايىن قىيىن بىر باسقۇچقا كىرىپ قالغانلىقى _ ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىدىغان ئاچچىق بىر ھەقىقەت. ئەمما باشقا يۇرتلارغا چقىپ كېتىش بىزنىڭ پۈتۈن مەسىلىمىزنى ھەل قىلالامدۇ؟

بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ سەپەرنىڭ غايىسى، ماھىيىتى ،نەگە بارىدىغانلىقى، قانداق بارىدىغانلىقى، بۇ سەپەرنىڭ بىزگە، ئائىلىمىزگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا مەيلى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قانداق پايدا مەنپەئەتلەر ۋە قانداق زىيان زەخمەتلەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىلەن ھىساپلىشىپ كۆردۇقمۇ؟ يولدىكى ئامانلىق، بارغان دۆلەتتىكى ئامانلىق، بالىلىرىمىزنىڭ ۋە ئائىلىمىزنىڭ ئامانلىقى قاتارلىقلار سەل قارىغىلى بولىدىغان مەسىلىلەرمۇ؟

ئاللاھ تائالا، سۈرە نىسانىڭ، ٩٨ _ ٩٩- ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِلَّا الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلاً ، فَأُولَئِكَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَعْفُوَ عَنْهُمْ وَكَانَ اللَّهُ عَفُوّاً غَفُوراً﴾ يەنى ﴿ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن(ھەقىقەتەن) چارىسىز قالغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن ھىجرەت قىلمىغانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز ئۆرىيدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ھىجرەت قىلمىغان مۇسۇلمانلار مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن ھەرخىل ئازاپ ئوقۇبەت ۋە قىيىن قىستاققا ئېلىنىدىغان بىر پەيتتە «ئەگەر ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىسا، يول بىلمىسە، مەيلى ئەر ۋە ياكى ئايال ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دېيىلىۋاتقان يەردە، بىزنىڭ يول بىلمەيدىغان، تىل بىلمەيدىغان، ئەڭ مۇھىمى قولىدا پاسپورتىمۇ يوق كىشىلەرنى بۇنچە خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىشقا مەجبۇرلىغان ھەققىي سەۋەپ زادى نىمە؟

**مۇھىم ئەسكەرتىش:**ئاشۇ سەزگۈر ۋەزىيەتتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس مۇسۇلمان بولغان تۇرۇپمۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماي، مەككە ئازاد بولغان ۋاقىتقىچە مەككىدە تۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ مەككىدە تۇرۇشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بەزى ئۆلىمالار «ھىجرەت قىلغۇچىنىڭ كۇفرى دىياردا قېلىپ قېلىشى باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، ھىجرەت پەرز بولغان كىشىنىڭمۇ ھىجرەت قىلماسلىقى مۇستەھەب» دېگەن.

### ١١.سوئال: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قارىغۇلارچە ھىجرەتكە چاقىرغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا زادى كىملەر بار؟

دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم كۈچىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمۇ كۆپ بولغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار خىتايدىن ئادەم

كۆچى سورىغاندا، بۇ تەلەپ خىتايغا بەك يېقىپ قالغان. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەلۇم مىقداردا ئادەم ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كېلىشكەن. شۇنداق قىلىپ ١٩٥٥-يىلى قولىدا سوۋېتنىڭ پاسپورتى بولغانلارنىڭ سوۋېتقا چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بىر پاسپورت بىلەن بىر ئائىلە جەمى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن چىقىپ كەتسىمۇ بولىدىغانلىقى بىۋاستە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ئۆزى تەشكىللىگەن ئىغۋاگەرلەر تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنغان ئىكەن. پاسپورتى بولمىغانلارمۇ چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار گويا «ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھۆكۈمەت بىلمەيدۇ» دەپ گۇمان قىلىشقان. ئەمما ئىككى دۆلەت كېلىشكەن سان توشقان ھامان چېگرا تاقالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىۋېتىلگەنلىكىنى راھەت دۆلەتكە چىقىپ بىر ئوبدان ياشاش پۇرسىتى دەپ چۈشەنگەن. ئەمما پايدا خىتايغا بولغان. چۈنكى چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىگىدارچىلىقى، ئۆي-جايلىرى كۆچمەن خىتايلارغا قالغان. ئەمدى ھازىرقى ھىجرەت سەپەرۋەرلىكىنىڭمۇ شۇنداق بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەنلەر بارمىدۇ؟ بۇ سەپەرۋەرلىكتىمۇ پايدا خىتايغا، زىيان ئۇيغۇرلارغا ئەمەسمۇ؟

تۈركىيە، كامبودژا، مالايسىيا ۋە تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئادەم سودىگەرلىرى پۇلدىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن مۇشۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە مىليونېر بولۇپ كەتكەنلىرى كۆپ ئىكەن. تايلاندقا چىقىرىپ قويۇش باھاسىمۇ ئادەم بېشىغا ئېنىق ئىكەن. بۇنداق ئىش بىر قانچە دۆلەتنىڭ بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇشى بىلەنلا بولىدىكەن. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن ۋاقتىنچە كۆز يۇمىدۇ؟ چۈنكى ھەربىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسى بار. ئەمما ئۇيغۇرلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ. تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن نارەسىدە باللارنىڭ جايى مەكتەپ ئەمەسمىدى؟ ئۇلارنى مۇنداق مۇساپىرلىقنىڭ ئازابىدا داغلاشقا كىمنىڭ ھەققى بار ئىدى؟ سۇرىيەدىكى ئىنقىلاپلار ھازىر مەجھۇل بولۇپ قالدى. قايسى تەرەپنى مۇجاھىد، قايسى تەرەپنى كۇفرى قوشۇنى دەپ ئېنىقلاشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان بىر ئەھۋالدا، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيەگە بارسا كىم ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دۈشمىنى سۇرىيە ئەمەسقۇ؟

بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ مۇھىم گېنىراللىرىدىن بىرى «خەتەرلىك ئۇيغۇرلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۇلارنى چەتئەلگە قاچۇرىۋېتىش» دېگەن ھەقتە كىتاپ يازىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ كىمگە ۋە كىمنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ بۇلالمىغان بەزى  موللىچاقلار ۋەتەندىكى پۈتۈن مۇسۇلمان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەننى تاشلاپ چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە ھەدەپ كۈچەپ دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى ئاز دەپ، چەتئەلدىكى بەزى بىر كىشىلىرىمىزمۇ ئۇلارغا ماسلاشقاندەك ھىجرەتنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ.

### «ئادەم سودىگەرلىرى» ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات

يېقىندا ۋېتنام، كامبودژا، تايلاند ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە بىرنەچچە ئاي تۇرۇش جەريانىدا، ئاشۇ ھىجرەت قىلىپ چىققانلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىشەنچلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن XXX ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە: ھازىر خىتاينىڭ ئىچىدىن مەزكۇر دۆلەتلەرگە ئادەم يۆتكەۋاتقان «ئادەم سودىگەرلىرى»نىڭ ئەسلىدە خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدا نەچچە ئون يىللىق ئۆي كېسىلگەن جىنايەتچىلەر بولۇپ، چەتئەلگە ئۇيغۇر قاچۇرۇش ئارقىلىق، ھەم پۇل تېپىۋېلىش ھەم تۈرمە ھاياتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەر ئىكەن. بۇ خەتەرلىك ھەقىقەتنى مەزكۇر قېرىندىشىمىز ئاشۇ «ئادەم سودىگەرلىرى»دىن بىرىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىۋاستە ئاڭلىغان. يەنە كېلىپ ئۇ ئادەم سودىگەرلىرى باشلاپ ماڭغان كىشىلەر خىتاي چېگرىسىدىن

چىقىشتىن بۇرۇن قانداقلا بىر يەرە تۇتۇلۇپ قالسا، بىر تېلېفون بىلەنلا دەرھال قويۇپ بېرىلىدىكەن. شۇنداق ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ.

يەنە مەككىدە تۇرىدىغان ئىشەنچلىك ئەھلى ئىلىملەردىن بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ۋېتنام، تايلاند ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈپ، خىتاي چېگرىسىدىن ۋېتنامغا چىقان ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگىچە ئېلىپ بېرىشنىڭ سودىسىنى قىلىدىغان«ئادەم سودىگەرلىرى»دىن بىرى بۇ سودىغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن يەنى ئۆتكەن يىلى ھەج ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ھېلىقى ئەھلى ئىلىم كىشىدىن زاكات بولسىمۇ بېرىپ ياردەم قىلىشىنى سورىغان بولۇپ، ئەمما ئۇ «ئادەم سودىگەر»لىكنى باشلىغاندىن كېيىن، تېزلا باي بولۇپ كەتكەن. ھەتتا ئىقتىسادى بىر مىليون دوللاردىن ئاشقان ۋە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىن ١٨٠ مىڭ دوللارغا ئۆي سېتىۋالغانلىقىنى ھېلىقى كىشىگە ئۆز ئېغىزى بىلەن پەخىرلىنىپ ئېيتىپ بەرگەن. بۇ بىرلا «ئادەم سودىگرى»نىڭ قىسسىسى بولۇپ، مۇنداق ئادەم بېدىكلىرى ۋە سودىگەرلىرى بىر-بىرى بىلەن بەسلەشمەكتە.

ھازىر دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنىڭ تولىسى ئىسلام نامى ئاستىدا بولىۋاتىدۇ. دىن دۈشمەنلىرى ئىسلامىي ئاتالغۇلار بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ سۈيىقەستلەر ئىسلامىي نام بىلەن ئېلىپ بېرىلغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئالدىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك ھىجرەتمۇ ئۇلۇغ بىر ئىبادەت ۋە شانلىق بىر سەپەر بولغانلىقتىن، پۈتۈن ئۇيغۇر مۇشۇلمانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك چاقىرىلىشى، ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ پۇل تېپىش پىلانى، خىتاي جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىن ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىشى ئاجايىپ چوڭ بىر سۈيىقەست ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق بولمىسا، خىتايدەك، چېگرا مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغان بىر دۆلەتتىن پاسپورتسىز يۈزلەرچە كىشىلەر، ئائىلىلىرى، ھەتتا ئۇششاق باللىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە قېتىم قانداقمۇ ئۆتۈپ كېتەلىسۇن؟

تۈركىيە، كامبۇدژا، مالايسىيا ۋە تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئادەم سودىگەرلىرى پۇلدىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ناھايەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىليونېر بولۇپ نەچچە ئونلاپ دائىرە ۋە بىنالارنى سېتىۋالغانلىقى ئەنە ئاشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسپاتى. ھەر قايسى دۆلەتكە چىقىرىپ قويۇش باھاسىمۇ ئادەم بېشىغا ئېنىق ئىكەن. بۇنداق ئىش بىر قانچە دۆلەت بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇشى بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن ۋاقىتنچە كۆز يۇمىدۇ؟ چۈنكى ھەربىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسى بار. ئەمما بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ھازىرمۇ بۇلارغا ئالدىنىشقا داۋام قىلىۋاتىمىز.

## ١٢.سۆز: ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرگە قۇچاق ئاچىدىغان ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى بارمۇ؟

جاۋاب : ھازىرقى دۇنيادا پالانى دۆلەت ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق. ئەمما مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىق ئىگىلەيدىغان ئىسلام دىيارلىرى مەۋجۇت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارغا قۇچاق ئاچىدىغان بىرسىمۇ يوق. چۈنكى كۆپىنچە دۆلەتلەردە ئىسلامنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئىبادەتلىرىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلامىي قىياپىتىدىن باشقا ھەقىقى ئىسلامنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مەيلى ئاتالمىش ئىسلامىي ھۆكۈمەتلەر ۋە يا نامدىكى تەقۋادار مۇسۇلمان خەلق ئىچىدىن بولسۇن، يىراق يۇرتلاردىن ئۇلارنى پاناھ تارتىپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن بىچارە مۇسۇلمانلارغا قۇچاق ئاچالايدىغان بىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ھىجرەت نىيىتى بىلەن چەتئەلگە چىققان قېرىنداشلىرىمىز، چەتئەلدىكى ئاتالمىش ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۇلارنى سېتىۋېتىشى ۋە مۆرىسىدىن ئىتتىرىپ ھەيدەپ چىقىرىشى، تۈرمىلەرگە سولاپ،

ئاندىن ئۆز يۇرتىغا زورلۇق بىلەن يولغا سېلىپ قويۇشى قاتارلىق مۇئامىلىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاچچىق ھەقىقەتنى ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان رېئاللىقنى تولىمۇ كېچىكىپ بولسىمۇ بىلىپ يەتتى. ئەمما ئۇلارغا كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمىدى.

## ١٣.سوئال: مەيلى ھىجرەت قىلغان ياكى كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدۇ؟

ئۆز يۇرتىدا ئېزىلگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى، ۋەتەندىكى جەۋر-زۇلۇملار سەۋەبلىك دىنىنى قوغداپ قېلىش، ئىسلامىي ئەقىدىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا، ۋەتىنىنىڭ، بالا-چاقىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىنى پاناھ تارتىپ، مىڭبىر جاپادا چەتكە چىقسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلمىگەن ئېغىر كۈنلەر قالمايدۇ. قوشنا دۆلەتلەردىكى ئىرقداشلىرى ئۇلارنى ئازراق مەنپەئەت يۈزىسىدىن زالىملارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يىراقتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۇلارنى يەكلەيدۇ، خورلايدۇ، ھەتتا ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

مىڭ بىر جاپادا چەتكە چىققان ئۇ بىچارىلەر ئۇياقتا قاتراپ، بۇياقتا قاتراپ، يەنە مىڭ بالا مۇشەققەتتىن كېيىن، چارىسىز ھالدا، ياۋروپادىكى كاپىر دۆلەتلەرگە بېرىپ توختايدۇ، ئەمما ئۇ يەردىكى ھېچكىمگە غەرەزسىز ياخشىلىق قىلمايدىغان كاپىرلار، تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغاندەك قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىپ قويۇپ، ئىچكى جەھەتتىن بەكمۇ يىراقنى كۆزلىگەن ھالدا، ئالدىن پىلانلىنىپ قويغان پىلاننى ئىشقا سېلىشقا باشلايدۇ. ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن يانمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن غەربلىكلەر ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى، نەۋرىلىرىنى ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە سەزدۇرمىگەن ھالدا خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇ سەۋەپتىن غەرپ ئەللىرىدە تۇغۇلغان قىز، ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانىسى ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ بولىدۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ بالىلارنىڭ قەلبىنى ئۇۋلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا تىرىشىدۇ.

ئىسلام دۆلەتلىرىگە بېشىنى سىغدۇرالمىغان قېرىنداشلىرىمىز، چارىسىزلىكتىن ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يەرلەشكەن بولسىمۇ، ئۇلار ياشاۋاتقان يەرلىرىدە ھەرگىزمۇ خاتىرجەم ئەمەس. ئۇلار كېچە-كۈندۈز تېنىماي ئىشلەپ، ماددىي جەھەتتىكى غەمدىن خالاس بولغان بىلەن، ئەقىدىسىنى قانداق ساقلاپ قېلىش، بالىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قانداق قوغداش ۋە ئۆز بالىلىرىغا قانداق ئىگە بولۇشنىڭ غېمىدە ياشايدۇ.

## ١٤.سوئال: ئافغانىستان ھىجرەت نىشانى بولالامدۇ؟

ۋەتەندە ئافغانىستان ئوبرازى بەكمۇ قالتىس تەسۋىرلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ مۇندىن ١٥-٢٠يىل ئىلگىرى ئافغانىستان تاغلىرىدا تارتىلغان رەسىملەر بىلەن ئېلىنغان سىن ئالغۇ پىلاستىنكىلىرى شۇنداق ھەيۋەتنى بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئانا ۋەتەندىكى بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلىش بىردىنبىر ئارمان بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىدىن، خەلقئارا خەۋەرلەردىن خەۋەردار بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار خەلقئارا ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولسا ئىدى، ئۇنداق قارامىلىق بىلەن ئافغانىستاننى ھىجرەت نىشانى قىلىۋالمىغان بولاتتى. چۈنكى مەيلى ئافغانىستان ۋە ياكى پاكىستان بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەل قائىدە ۋە تالىبان مىلىتانلىرىنى تازىلاش ۋە ئاتالمىش تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئۈچقۇچىسىز ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان بولغاچ، ئۇ جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز جانلىرىنى قوغدىشىمۇ ئىنتايىن قىيىنغا توختىماقتا. پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ھۆكۈمەتلىرى ئامېرىكىنىڭ مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە قىرغىن قىلىشىغا يول قويۇپلا قالماستىن، ھەتتا ياردەملىشىمەكتە.

مۇشۇنداق بىر شارائىتتا يەنىلا ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلىمىز دېگەنلىك، ئۆزلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ھالاكەت گىردابىغا ئاتقانلىق بولىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى ئافغانىستان ھازىر يوق. مۇشۇنداق سەزگۈر بىر ۋەزىيەتتە ئۇجايلارغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلار نېمە ئىش قىلماقچى؟بۇندىن بۇرۇن ئۇ زېمىنلەرگە بارغانلار، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدى ۋە ياكى قىلالىدى؟. ھازىرقى ئاتالمىش ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان بولغاچقا، ھازىرقى شارائىتتا خىتايغا قارشى بىرەر ئېغىز سۆز ئېچىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ تالىبانلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھاكىمىيىتى بار زامانلاردىمۇ، ئۇلار خىتايغا قارشى ھېچكىمنى ئېغىز ئاچقۇزمايتتى. چۈنكى تالىبانلارمۇ بىر تەرەپتىن خىتايدىن قاتتىق قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ماددىي مەنپەئەتتىن ۋاز كىچەلمەيتتى.

بىر نەچچە ١٠ يىلدىن بۇيان ئافغانىستاندىكى مەيلى تالىبانلار ۋە ياكى باشقا جامائەتلەر، بىزنىڭ ئاقكۆڭۈل قېرىنداشلارغا، ناھايىتى ئەرزان ۋە بەك چىرايلىق بىر دوپپىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى ئالداپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ«بىز مىللەت ئايرىمايمىز، ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان،بىر ئۇممەت، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دۈشمىنىمىز خىتاي ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭمۇ پۈتۈن دۇنيانى ئىسلاملاشتۇرۇپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا نۆۋىتى كېلىدۇ. بىزنىڭ ئاساسى غايىمىز شېھىت بولۇش بولغاندىن كېيىن، كىم ئۈچۈن شېھىت بولساق بەرىبىر ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئەڭ ئەرزان دوپپا. بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرىمىز«ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ مەلۇم بىر ۋەتەندە يارىتىپ ئاشۇ ۋەتەنىنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈكلىگەن ئىكەن، بىزنىڭمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز دەرد ئەلەملىرىمىزنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. بىزمۇ ئۆز دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى پىلانلىق ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك» دەيدىغانىنىڭ ئورنىغا، بىر تەرەپتىن ئاشۇ ئەرزان دوپپىغا گول بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن«بىز ئۈچۈن ئۆلۈپ ئېيتقاندا ئەڭ ئاسان ۋە قىسقا مۇساپىلىك يول مۇشۇ ئىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۆزلىرىنىمۇ ئالداپ كېلىۋاتىدۇ.

شېھىتلىك ئۆلۈمنى تىلەش ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسى. ئەمما بىرەر ئىش قىلىپ ئاندىن شېھىت بولۇش ئاساسى مەقسەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاسانلا يەتكىلى بولاتتىغۇ؟ يەنە كېلىپ، ئافغانىستاندا، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئۇرۇشۇۋاتقان بولغاچ،ھەقىقىي شېھىت كىم؟ ئۇنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەمما ۋەتەندە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى شەك شۈبھىسىز شېھىت بولىدۇ.

## ١٥.سۆز: سۈرىيە ھىجرەت نىشانى بولالامدۇ؟

سۈرىيەدە يەنىلا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئۇرۇشۇۋاتقان ، قايسى تەرەپ ھەقىقىي ئىسلام قوشۇنى ۋە قايسى تەرەپ كۇفرى قوشۇنى دەپ ئېنىقلاشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان بىر ئەھۋال ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى سۈرىيەگە بېرىپ كىمنىڭ سېپىدە كىمگە قارشى ئۇرۇشماقچى ۋە كىم ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دۈشمىنى سۈرىيە ئەمەسقۇ؟ باشتا دەپ ئۆتكەندەك، ئاقكۆڭۈل ساددا قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيەدىمۇ، ئافغانىستاندا كىرگەن ئاشۇ ئەرزان دوپپىنى بېشىغا تاجى قىلىپ كىيىپ، «بىز مىللەت ئايرىمايمىز، ھەممە مۇسۇلمان بىر تۇغقان. بىز دۇنيانىڭ نەرىدە بولساق شېھىت بولساقلا بولىدۇ» دېگەندەك شوئارلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالداۋاتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كلكم راع، وكلكم مسئول عن رعيته» دېگەن سۆزى نېمىگە دالالەت قىلىدۇ؟ سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بىر پادىچى، ھەربىرىڭلار ئۆز پادىسىدىن مەسئۇل دېگىنى ھەركىم ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك دېگەنگە دالالەت قىلىدۇ. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشىدىغان دەرد ئەلەملىرىمىز بار ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز ئاشۇ دەرد ئەلەملىرىمىزنى كېمەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىساق، ئاللاھنىڭ ئالدىدا چوقۇم سوراققا تارتىلىمىز. ئەمما ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ دەرد ئەلەملىرىمىزنى

ئۇنتۇپ، باشقا بىرلىرىنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلساق، يەنىلا ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئەسلى مەسئۇلىيىتىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

سۈرىيەدىن ئۇرۇش يېشىدىكى نەچچە مىليون ياش يىگىتلەر ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىپ ئارام ئالغاي، بىزنىڭ ئاكۆكۈل خەلقىمىز بېرىپ ئۇ يىگىتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرغاي ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىدا شېھىت بولغاي. ئەگەر بىز ئاسارەت ئاستىدىكى بىر مىللەت بولمىغان بولساق، ئۇ ۋاقتىدا بۇ پىداكارلىقلارنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما ھازىر توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھازىر دۇنيادا بىر يېرىم مىليارد مۇسۇلمان ياشايدۇ. سۈرىيە خەلقىگە ياردەم قىلىش، ئاشۇ بىر يېرىم مىليارد ئىنسان ئىچىدىن ئاسارەت ئاستىدا قالغان، بىچارە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشەرمۇ؟ ھازىر سۈرىيەنىڭ قارشى كۈچلىرىنىڭ دۇنيانىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە ئېچىۋاتقان يىغىنلىرىدا «ئەڭ ئاۋۋال سۈرىيەنى چەتئەللىك تېرروررىستلاردىن تازىلاش كېرەك» دېگەن ھەقتە قايتا-قايتا مۇزاكىرىلەر بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھالدا يېقىندا سۈرىيەدىكى ئۇرۇشمۇ ئاخىرلىشىپ، ئۇ يەردە قارشى كۈچلەر غەلىبە قىلىپ ھۆكۈمەت قۇرغان تەقدىردە، بىزنىڭ ساددا قېرىنداشلارغا ۋاقىتلىق تۇرۇۋېلىشقا ئىقامەت بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ئۇلارنى تۇتۇپ، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر سۈرىيە قورچاق ھۆكۈمىتى غەلىبە قىلىپ قالسىغۇ ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ١٦.سۆز: ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ياكى مىللەتچىلىك قىلمايمەن دەپ ، ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنى ئۇنتۇشقا بولامدۇ؟

ۋەتەن مىللەت مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدا چەك - چېگراسى ئېنىق ئايرىلمىغان بىر مەسىلە بولۇپ، ۋەتەن، مىللەت داۋاسى قىلىدىغانلارنىڭ دىنى سۇس ياكى دىندىن يىراق كىشىلەر بولغانلىقى، دىندار ياشلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىچىدا ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىكنى رەت قىلىدىغاندەك، ۋەتەن ، مىللەتكە خىزمەت قىلىش مۇسۇلمانچىلىق بىلەن بىرلەشمەيدىغاندەك بىر تەرەپلىمە قاراشلار سەۋەبچى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن مىللەتنى دۈشمەنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەرقايسى رايوندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىنىڭ چەك چېگراسىنى ئايرىپ ئېنىق چۈشىنىشى بەك مۇھىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴾ يەنى ﴿ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر – بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەردار دۇر. ﴾.[17] بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا «ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» دېيىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كەتمەستىن، ياكى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلماستىن، ئۆزىنىڭ مىللىي بارلىقىنى ساقلاپ قىلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەققى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك: ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ تۇغما تەبىئىتىدە بار بولغان مىللەت سۆيگۈسىنى ئىنكار

17سۈره ھۇجۇرات ١٣-ئايەت

قىلمىغاندەك، ئۆز-ئارا ئۇرۇش جېدەلگە سەۋەبچى بولىدىغان مۇتەئەسسىپ مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تورىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا باشقا ئايەتلەردە بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ باشقا پۈتۈن مۇسۇلمان مىللەتلىرى بىلەن بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى ۋە يېقىندىن ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى جاكارلايدۇ. يېقىندىن ھەمكارلىشىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىنى ئۇنتۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بولۇش ۋە ياكى باشقىلار ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، ئۆز مىللىتىنى ئۇنتۇش دېگەنلىك بولمايدۇ. شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كېتىش دېگەنلىكمۇ بولمايدۇ.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى: بىر ئۈممەت دېگەن بىرنەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپىدۇ. بىر مىللەت دېگەن بىرنەچچە ئۆلكە ۋە ياكى ۋىلايەت كىشىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر بىر ۋىلايەت بىر نەچچە ناھىيە، ھەر بىر ناھىيە بىر نەچچە كەنت، ھەر بىر كەنت بىرنەچچە يېزا، ھەر بىر يېزا بىرنەچچە مەھەللە، ھەر بىر مەھەللە بىر نەچچە ئائىلە، ھەر بىر ئائىلە بىرنەچچە ئائىلە ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ «ياخشىلىقنى ئەڭ ئاۋۋال ساڭا ئەڭ يېقىن بولغانلاردىن باشلا» پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولساق، ئەگەر مەن خالىس ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى بولسام، ئەڭ ئاۋۋال ئائىلە ئەزالىرىمدىن باشلىشىم كېرەك. ئۇندىن كېيىن قوشنىلىرىم، مەھەللىلىكلىرىم، كەنتلىكلىرىم، ناھىيەلىكلىرىم دېگەن نۆۋەتنى بويىچە ئاخىرىدا مىللىتىم، ئاندىن ئۈممىتىم دەپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىشىم كېرەك. مانا بۇ ئىسلام تەلىماتى، مانا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى. ئەمما بەزى بىر ئاتالمىش مۇجاھىدلارنىڭ، بىز مىللەت ئايرىماستىن دېگەندەك سۆزلىرى، ئاۋۋال مەھەللە، يېزا، كەنت، ناھىيە، ۋىلايەت، ئۆلكە خەلقى قاتارلىق نۆۋەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاتلاپ، ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمان خەلقى دېگەن نۆۋەتنىمۇ ئاتلىغان ۋە ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا باشقا بىر مىللەتكە خىزمەت قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر بىز ئىسلام دىنىنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، مىللەتچىلىكنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىمغا بولۇپ تۇرۇپ چۈشىنىش ئەڭ توغرا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى: ئىجابىي مىللەتچىلىك ئىگى (ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن مىللەتچىلىك) يەنە بىرى: سەلبىي مىللەتچىلىك ئىگى (ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان مىللەتچىلىك) قاتارلىق ئىككى خىل مىللەتچىلىك ئىگىدىن ئىبارەت. بىرىنچىسىنى ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ ئەمما مۇتەئەسسىپلىككە ئېلىپ بارىدىغان سەلبىي مىللەتچىلىكنى قەتئىي چەكلەيدۇ.

ئىجابىي مىللەتچىلىكنىڭ چەك چېگراسى نەگىچە؟ دېسەك: جاۋابى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

١- مەيلى خىزمەت ۋە ياكى ھەرقانداق پىداكارلىقنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارغا قارىتىش ۋە ئۆز مىللىتىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش.

٢- ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنى باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشى ۋە ياكى كۆڭلىگە يېقىنراق تۇتۇشى.

٣- ئۆز مىللىتىنىڭ ئىش ئىزلىرى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلىنىش، كىشىلەرنى ئىشلەشكە، تىرىشىشقا، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تەرغىب قىلىش ئۈچۈن مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى غەلىبىلىرىنى ئەسلىتىشى ۋە تارىخىي شەخسلىرىنى مەدھىيىلىشى.

ئىسلام دىندا چەكلەنگەن سەلبىي مىللەتچىلىك ئىككى بولسا، مۇتەئەسسىپ ئىرقچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان مىللەتچىلىك ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا چاقىرىش قەتئىي چەكلەنگەن.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم مۇتەئەسسىپلىككە چاقىرسا بىزدىن ئەمەس، كىم مۇتەئەسسىپ مىللەتچىلىك ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا بىزدىن ئەمەس، كىم مۇتەئەسسىپ مىللەتچىلىك ئۈستىدە ئۆلسە بىزدىن ئەمەس» دېگەن.يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇتەئەسسىپلىك قىلىشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇتەئەسسىپلىك دېگەن، ئۆز قەۋمىڭنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ تەرەپدارلىغىنى قىلىشىڭدۇر»[18]

## ئىسلام كۆرسەتكەن توغرا ۋەتەنپەرۋەرلىك:

ۋەتەن ئىنساننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، قەلبى باغلانغان ماكانى، مۈلكى، نومۇسى ۋە شەرىپىدۇر. ئىنسان ۋەتەن تۇپرىقىدا ھايات كەچۈرىدۇ، ئۇ تۇپراقتا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ نامىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ،ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بايرىقىنى شۇ يەردە تىكلەيدۇ. ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، سۈيى ۋە ھاۋاسى ئىنسانغا ھۇزۇر ۋە بەخت بېغىشلايدۇ. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى قىممىتى ۋەتىنى بىلەن بولىدۇ؛ ۋەتىنى بىلەن تونۇلىدۇ. ۋەتىنى بولمىسا ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدۇ؛ سۆزى ئۆتمەيدۇ؛ ئىشى ئاقمايدۇ. ۋەتىنى كۈچلۈك، ئەزىز بولسا، بېشى تىك، ئېتىبارى يۇقىرى، قەدرى ئۈستۈن بولىدۇ. قەيەرگە بارسا «مەن پالان يەرنىڭ پۇقراسى» دەپ، غۇرۇر بىلەن بېشى تىك، كۆڭلى خاتىرجەم يۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتا بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىشتا ئۇنىڭ قەلبىگە ۋەتىنىنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى يەرلەشتۈرگەن. بۇ تۇغما مۇھەببەت ئىنساننى ۋەتىنىگە باغلايدۇ. ئۇ مەجبۇر بولۇپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ يولغا چىققاندا: «ئەي مەككە! سەن ئاللاھقا ۋە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەرسەن، ئەگەر خەلقىڭ مېنى چىقارمىغان بولسا ئىدى، مەن ھەرگىز سەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەيتتىم» دېگەن.

ۋەتەندىن ئايرىلىش ئىنسان نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان، ناھايىتى قىيىن بىر ئىش بولغاچقا، مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ يولىدا ۋەتەنلىرىنى قۇربان بېرىپ، مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىر ساھابىلارنىڭ ئەنسار ساھابىلاردىن ئارتۇقچىلىقى ئۇلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى تەرك ئەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھاجىرلارنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ لِلْفُقَرَاءِ الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا وَيَنْصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ ﴾ يەنى ﴿ (ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق كىشىلەردۇر. ﴾[19]

(١٨) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

(١٩) سۈرە ھەشر: ٨- ئايەت

قۇرئان كەرىمدە ۋەتەن سۆيگۈسى جان سۆيگۈسى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ: ﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا مَا يُوعَظُونَ بِهِ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا﴾يەنى ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى،ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى﴾ [٢٠]

ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردىن قايتسا، مەدىنىنىڭ تۆپەلىرىنى كۆرۈش بىلەن تۆگىسىنى تېزلىتەتتى». ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھارىس ئىبنى ئۇمەير ھۇمەيدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ مەدىنىنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن تۆگىسىنى تېزلىتەتتى»دەيدۇ.[٢١]

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەن ۋە يۇرت سۆيگۈسىنىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا بار بولغان تەبىئىي بىر نەرسە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنىڭمۇ چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ چۈشۈنىشى كېرەك. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىمۇ ئىجابى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سەلبى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك – يۇرت - ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ ھەق ھوھۇقىنى ئادا قىلىش، ۋەتىنىگە ۋاپادار بولۇش، ۋەتىنىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىشلەش، ۋەتىنىنى دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر ۋەتىنى ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغان بولسا ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىسسىق جېنىنى، تاتلىق مېلىنى ۋە قىممەتلىك ۋاقتىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىش، ۋەتەندە بىرلىكتە ياشايدىغان بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام پەرز قىلغان قېرىنداشلىق رىشتىسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئۆز ۋەتىنىگە قارىتا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشى پەرز ئەيندۇر ۋە پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا پەرز كۇپايىدۇر.

### ئىسلام رەت قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك:

ئىسلام يۇرتۋازلىق ۋە مەھەللەۋازلىقنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ، دۈشمەننىڭ بىر ۋەتەندە ياشايدىغان كىشىلەرنى پارچە - پارچە قىلىپ، بىر - بىرىنى ياراتمايدىغان، بىر - بىرىنى كەمسىتىدىغان، ئۆز يۇرتىدىن بولغانغا يان بېسىپ، باشقا يۇرتتىن بولغان دىنى قېرىندىشىنى يەكلەيدىغان، باشقا يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، مەزلۇمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم قىلمايدىغان ئەھۋاللاردۇر. بۇ ئەھۋاللار دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنى ئىستىلا قىلىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇنداق يۇرتۋازلىقنى ئىسلام قەتئى رەت قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈشى ھاياتىنى سۆيگەن بىلەن ئوخشاش دەپ تەسۋىرلەنسە، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىرىلىشىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلغاندەك ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

---

(٢٠) سۈرە نىسا: ٦٦- ئايەت

(٢١) بۇخارى رىۋايىتى

ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىتىدە مەۋجۇت بار بولغان بىر سۆيگۈ بولۇپ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئىنكار قىلالمايدۇ. ھەر قانداق ئىنسان ئۆز ئانا ۋەتىنىنى چەكسىز ۋە مەڭگۈ سۆيىدۇ. ئۆز ئانا ۋەتىنىنى سۆيمىگەن كىشىدىن باشقا بىر ۋەتەن ئۈچۈن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئانا ۋەتىنىنى سۆيىشى ۋە ئەينى ۋاقىتتا باشقا ئىسلام دىيارلىرىنىمۇ سۆيىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال. كىشىلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەككە شەھىرى ھەققىدە مەدھىيەلەر ئوقۇلۇۋاتقان سورۇنغا كەلگىنىدە ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلغان. ھەمدە مەدھىيە ئوقۇۋاتقان «ئەسىل» ئىسىملىك ساھابىگە قاراپ: «ئى ئەسىل! داۋامىنى ئوقۇ ۋە قەلبىمىزگە ئۇنىڭ ئىچكى ھېس تۇيغۇلىرىنى ئىقرار قىلغىلى قوي» دېگەن ئىدى. دېمەك: ۋەتەننى سېغىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىش ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەمدە ئىسلام دىنى چەكلىمەيدىغان بىر تۇغما تەبىئەت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ «ياخشىلىقنى ئەڭ ئاۋۋال ساڭا ئەڭ يېقىن بولغانلاردىن باشلا!» دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى يولىدا قولىدىن كەلگەنچە خىزمەت قىلىشى، جان پىدا قىلىشى ۋە قۇربانلىق بېرىشى لازىم.

**١٧.سوئال: ۋەتەننى تاشلاپ بىرىپ چىقىپ كېتىش، قانداق خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ؟**

١- خىتايلارنىڭ ۋەتەننى تېز ۋاقىت ئىچىدە ١٠٠% خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ھەسسە قوشقانلىق بولىدۇ

٢- چەتئەلدىكى باشقا يات مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئېرىپ ئاسسىملاتسىيە بولۇپ تۈگىشىمىزگە سەۋەبچى بولىدۇ.

٣- ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى ئانىچە، مۇنچە دەرت-ئەلەملىك بولسىمۇ، يەنىلا كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن مېھىرلىك تۇپراقتىكى ئاشۇ ئاددى، ساددا ھاياتىمىزنى ئۇمۇرلۇك مۇساپىرچىلىق، پۇتمەس-تۈگىمەس غەم ئەندىشىلەر ۋە خانىۋەيرانچىلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان ھەسرەتلىك بىر ھاياتقا ئۆزگەرتىشكە سەۋەبچى بولىدۇ.

٤- ئەڭ مۇھىمى: ۋەتەننى ئۇيغۇرسىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇيغۇرلارنى بولسا ۋەتەنسىزلەشتۈرۈشكە يول ئاچىدۇ.

٥- ١٩٤٨-يىلى يەھۇدىيلار پەلەستىننى مۇستەملىكە قىلغاندا، ئۈرۈككۈنلىگەن پەلەستىنلىكلەر ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇلارنىڭ ناھايەت ئازساندىكىلىرى، ئۆزلىرى بارغان دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، كۆپىنچە پەلەستىنلىكلەر، ھېچبىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتمەستىن مۇھاجىر سۈپىتى بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەلەستىنلىكلەرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تاش ئېتىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىشقا ياراپ، ئۇلار ئاخىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، پەلەستىننى مۇستەقىل دۆلەت قىلىش يولىدا كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. پەلەستىندىن مۇندىن ٦٤ يىل ئىلگىرى ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن پەلەستىنلەر ئەمدىلىكتە، ٦٤ يىللىق ۋەتەنسىزلىكتىن، خورلىنىشتىن ۋە چەتكە قېقىلىشتىن كېيىن پەلەستىنگە قايتىمىز دېگەندە، ئىسرائىلىيە ئۇلارغا يول قويمىغاننىڭ سىرتىدا، ئىسرائىلىيە-پەلەستىن تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا ئۆزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقان سۆھبەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىلگىرى چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەن پەلەستىنلىكلەرنىڭ پەلەستىنگە قايتىپ كېلىشىگە يول قويماسلىق مەسىلىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ شەرت ھازىرمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ ئەھۋال بىر كۈنلەردە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىپ قالسا قانداق بولار؟ بۇنى ئويلىغانلار بارمىدۇ؟

**۱۸.سۆز: ٦٠ يىلدىن بۇيان چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتىغا بىر نەزەر**

يېقىنقى تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزنىڭ ۋەتەندىن چەتئەلگە كۆچۈش ھەرىكىتى ۱۹٤۹- يىلى باشلانغان. نەتىجىدە: ۱۰ مىڭلارچە ئۇيغۇر ئائىلىلىرى دۇنيانىڭ تەرەپ تەرەپلىرىگە بىرىپ يەرلەشكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يەرلەشكەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى ئەرەپلەشكەن، تۈركىيەگە يەرلەشكەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى تۈركلەشكەن، پاكىستان ۋە باشقا دۆلەتلەرگە يەرلەشكەنلەرنىڭمۇ ئەھۋالى ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن خىزمەت يولدا تىلغا ئالغۇدەك تۆھپىسى يوق دېيەرلىك. ئاشۇ يىللاردا چەتئەلگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت جان بېقىش، باياشات ياشاش، باللىرىنى ئەرەپلەشتۈرۈش ۋە ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇزىنى كۆپەيتىشكە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن چىققان شەخسىيەتچى كىشىلەرمىدى؟ ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئىرادىلىك ۋە ياخشى نىيەتلىك، پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز زامانىدا كاتتا ئىرادە ۋە ياخشى نىيەتلەر بىلەن چەتئەلگە چىقتى ۋە قولىدىن كەلگەنچە كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ تەسىرى ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن يوقاپ كەتتى. مانا بىز ئاشۇ چوڭلىرىمىزنىڭ ۋەتەن ئىشقىدا ئېچىرقىغان ئېگىرقاشلىرىغا، ئۇن-تۈنسىز يىغا ئاۋازلىرىغا، ۋەتەن ئىشقىدا ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانلىرىغا شاھىت بولدۇق. ئىنسانىنىڭ يېشى چوڭىيغانسىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ۋەتەن ئىشقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقى ئۆزگەرمەس بىر ھەقىقەت بولۇپ، بىزنىڭمۇ كېلەچىكىمىز ئاشۇلار بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقى ئېنىق.

۳۰ يىل مابەينىدە چەتئەلگە چىققانلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى بەك ياخشى نىيەتلىك كۈچلۈك ئىرادىلىك كىشىلەر بولۇپ، قولىدىن كەلگەنچە ھەرخىل خىزمەتلەرنى قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا خىزمەت يولدا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بەك چەكلىك دائىرىدە داۋام قىلىۋاتىدۇ. ھازىر كۆزىمىزگە چوڭ كۆرۈنۈۋاتقان بۇ خىزمەتلەرنىڭ يەنە ۳۰ يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ۋەتەنگە ۋە ياكى دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ.

ۋەتەندىن چىققان ۋاقتىمىزدا ھەممىمىز ناھايىتى چوڭ ئۈمىد- ئارزۇلار بىلەن شىر- يولۋاستەك ئېتىلىپ چىقىپ چوڭ سۆزلەيمىز. ئەمما بىر نەچچە يىل چەتئەلدە ياشاش جەريانىدا، شەرت شارائىتلار، ۋەزىيەتلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئۈمىسىزلىك ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سولۇشۇپ، نورمال تىجارەتچى ۋە ياكى باشقا كىشىلەردىنمۇ بەكرەك جىمىپلا كېتىمىز.

ھازىر ھىجرەتكە ئىنتىلىۋاتقان قېرىنداشلارمۇ، بەلكىم بىز ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش «ۋەتەن، مىللەتكە تۆز كورلۇق قىلمايمىز، بىز دىگەن ئۇنى قىلىمىز، بۇنى قىلىمىز» دەپ، ئاشۇ ئاقكۆڭۈل ، ساددا ھالىتى بىلەن، ياخشى نىيىتىگە تايىنىپ چوڭ پىلانلار ۋە شېرىن خىياللارنى قۇرۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرى چەتئەلگە چىققانلارنى ئەيىبلىشى ۋە ئۇلاردىن قاقشىشى مۇمكىن. ئەمما بۈندىن بىر نەچچە يىل كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نەگە بېرىپ توختايدۇ؟ ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس، بەلكىم بۇلارنىڭ چەتئەلدىكى كېلەچىكى ھازىرقىلاردىنمۇ بەتتەر بولامدۇ؟ ئۇنىمۇ بىرلا ئاللاھ بىلىدۇ، بىز ھېچنەرسە دېيەلمەيمىز.

ئەينى ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، بەزى بىر يۇرتلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۈندىن بىر نەچچە ۱۰ يىل كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا

ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئىستىقبالىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىشتەك، قارا تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ۋاقىت ھېكمەتنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە تەدبىرلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

**١٩.سۆز: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە سەۋرسىزلىك مەسلىسى ھەققىدە،**

ئۈمىدسىزلىككە ئۇچراپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن بىزار، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن بىزار، ھاياتىدىن بىزار، كۆپ چۈشكۈن ھالەتتە ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىتكە قاراپ، بىر ئالىم مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئۈمىدسىز كىشى كۆڭلى كۆكسى تار، ئەتراپىدىكى ھەممە كىشىدىن شىكايەتچى، بىزار، ھەممە نەرسىنى قارا ھالىتىدە كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئانى كەرىمدە:« ﴿وإذا سألك عبادي عني فإني قريب﴾يەنى ﴿ئەگەر بەندەم مېنى چاقىرسا ۋە ياد ئەتسە مەن ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىن مەن﴾[٢٢]، سۈرە بەقەرە ١٨٥-ئايەت ئەگەر بىر بەندەم ماڭا دۇئا قىلسا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۈمىتسىزلەنمىگەن ۋە پۈتۈن تەلەپلىرىنى ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن سورىغان بۇلاتتى.

بىزنىڭ ئاللاھغا ئىمانى كامىل مۆمىن، مۇسۇلمانلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پېشانىمىزگە يېزىلغان قازا ۋە قەدەرلەرگە، ھەرخىل مۇسىبەتلەرگە، سەۋر قىلالىشىمىز لازىم. كۆپ سەۋر قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلىنىپ، دۇنيانىڭ ھېچقانداق مۇسىبىتىگە پەرۋا قىلمايدىغان ھالغا كىلەلىشىمىز كېرەك. كىمكى مانا مۇشۇ سەۋرچانلىق باسقۇچقا يېتىدىكەن، ئۇ سەۋرنىڭ ھەققىي تەمىنى تېتىغان ۋە سەۋر قىلىشنى ئۆگەنگەن بولىدۇ. مانا بۇنداق كىشىدە ئىچ پۇشۇقى، غەم-ئەندىشە ۋە قايغۇ-ھەسرەت تۇيغۇسى بولمايدۇ.

ئۆزلۈكسىز بېسىمغا قارشى تۇرۇشمۇ پەقەت ۋە پەقەت سەۋر ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ. بىز مۇشۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدىكەنمىز، تەبىئەتتىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ. ھەر مېۋىنىڭ بىر مەۋسۇمى بار، ئۆزگىرىدىغان ۋاقتى بار. مېۋە چىقىدىغان مەۋسۇمى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى چىقىرىمەن دېگەنلىك تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ. بىر كىشى ئالدىراڭغۇ بولسا، ئىشلارنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن بارلىققا كېلىشىگە ئالدىرىسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلغۇچى بولىدۇ.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى كۈتۈش ۋە سەۋر قىلىش، ھاياتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى. ئاللاھ ئاسمان زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، بىر سېكۇنتتا يارىتىشقا قادىر ئەمەسمىدى؟ ئەلۋەتتە قادىر ئىدى، ئەمما ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاللاھ ھەر بەندىگە ئۇ كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى يۈكلىمەيدۇ. سەۋر ھەققىدىكى ئايەت ھەدىسلەر بەك كۆپ، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە دېگەن ئايەت بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر تەلەپ قىلىپ قىلغان دۇئالىرى بىزگە كۆپايە قىلىدۇ.

ھاياتىكى پۈتۈن قىيىنچىلىقلارنىڭ بېشى ئالدىراقسانلىقتىن باشلىنىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق سائادەت ۋە ئىچكى خۇشاللىق دېگەنلەر بىلەن قارمۇ قارشى بولۇپ، ئۇنداق ئادەم ھەرگىزمۇ ھەققىي

---

(٢٢) سۈرە بەقەرە ١٨٥-ئايەت

خۇشاللىق ۋە سائادەتنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. دېمەك: ھەممە ئىشقا سەۋر، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەۋر، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەۋر قىلىش لازىم.

ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە: ﴿واستعينوا بالصبر والصلاة﴾يەنى﴿ (ھاياتىڭ يېقىنچىلىقلىرىغا مۇسىبەتلىرىگە) ناماز بىلەن، دۇئا ۋە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش بىلەن سەۋر قىلىڭلار ﴾[٢٣]دەيدۇ.

ئەگەر بىز مۇشۇ ئايەتنىڭ روھىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنى ئەمەلىلەشتۈرسەك. سەۋر قىلىشنى بەك ياخشى ئۆگىنىپ كېتەلەيمىز. ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەن ھالدا، كۆپ سەۋر قىلىۋېرىش، بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، روھىي دۇنيايىمىزنى چوڭايتىدۇ. روھىي دۇنيايىمىز چوڭايغاندا دۇنيانىڭ پۈتۈن مۇسىبەتلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى بىزنىڭ كۆزىمىزدە ۋە كۆڭلىمىزدە كىچىكلەپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بىز ھەرقانداق مۇسىبەتنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالايدىغان بولۇپ كېتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئۆگەنگىنىمىز بولىدۇ.

ئەگەر بىز ھەرخىل يېڭى ۋە ياخشى ئارزۇ ئۈمىتلەرنى، گۈزەل شېرىن خىياللىرىمىزنى، سەۋر قىلىش كۈچىمىز بىلەن بىرلەشتۈرسەك، ئۇنىڭ بىزگە بېرىدىغان مېۋىسى_كۆڭۈل ئازادىلىكى، ئىچكى سائادەت ۋە ئىچ ئىچىدىن بولىدۇقلاپ چىققان ئىچكى خۇشاللىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا ﴾ يەنى ﴿بىز كۈنلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز﴾[٢٤]. بۈگۈن ھالى ئەھۋالى بەك ياخشى بولغانلار، بىر نەچچە زاماندىن كىيىن تۆۋەن ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھېچقانداق نەرسە، ھېچقانداق بىر ھالەت، بىر خىل داۋام قىلىۋەرمەيدۇ،

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىتۋار بولىشىمىز، ۋە مۇسىبەتلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن سەۋرىمىز ئارقىلىق غالىپ كېلىشىمىز لازىم، ھەرقانداق بىر سىناققا دۇچ كەلسەك، ئاللاھ ئۈچۈن سەۋر قىلىشىمىز لازىم.

ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقى لازىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«عبادة في الهرج كهجرة إلي»تەرجىمىسى: «قالايمىقانچىلىق ۋە پىتنە پاساتچىلىق ئىچىدە تۇرۇپ، قىلىنغان ئەمەل ئىبادەتلەر ماڭا، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ھىجرەت قىلغان بىلەن ئوخشاش ساۋاپ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى مەئقەل بىن يەسار ئىبنىمىلىك ساھابىدىن رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يأتي على الناس زمان القابض فيه على دينه كالقابض على الجمر» يەنى«: كىشىلەرنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا دىنىنى تۇتۇش چوغنى ئالقاندا تۇتقانغا ئوخشاش قىيىن بولىدۇ»[٢٥].

## ٢٠. سۆز: مۇئمىنلەرنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش كاپىرلارنىڭ ئورتاق پىلانىدۇر

ھەق دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى ئەزەلدىن بىرى مۇئمىنلەرنى دىنىدىن قايتۇرۇش ياكى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولنى تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگىمۇ شۇنداق تەھدىت سالغان. قۇرئان كەرىم بۇنى بىزگە قىسسە قىلىپ

(٢٣) سۈرە بەقەرە ٤٥-ئايەت
(٢٤) سۈرە ئالئىمران ١٤٠-ئايەت
(٢٥) تىرمىزى رىۋايىتى

مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُمْ مِنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا﴾ يەنى ﴿كاپىرلار «پەيغەمبەرلىرىگە سىلەرنى يۇرتىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى سىلەر بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىسىلەر» دېدى﴾ [٢٦] كاپىرلار نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرگە شۇنداق تەھدىت سالغان ۋە ئەمەلىيەتتە بەزىلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان. كاپىرلارنىڭ بۇ تەھدىتلىرى ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. تارىخلارغا قارايدىغان بولساق، كاپىرلار كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتە تىپىك ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز:

## ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىتى

١٤٩٢-يىلى ئەندۇلۇستا (ھازىرقى ئىسپانىيەدە) ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرى باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، رادىكال خىرىستىيان چېركاۋ ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈن ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ.

١٥٠١-يىلى ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىلىنى، خۇسۇسەن ئەرەب تىلىنى قوللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار خىرىستىيانلارنىڭ قىشتالىيە تىلىنى ئۆگىنىشكە زورلىنىدۇ.

١٥٢٤-يىلىغا كەلگۈچىلىك ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە تەھدىت بىلەن زورلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسپانىيە دائىرىلىرى مۇسۇلمانلارنى يا خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلىقنى ئۇنتۇپ كېتىش ياكى ھىجرەت قىلىپ باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا زورلايدۇ. بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىمىغان مۇسۇلمانلار ئۆمۈر بويى قۇللۇققا تۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چىقىرىلىدۇ.

١٥٢٥-يىلى ئىسپانىيە پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنى دىني پائالىيەتلىرىدىن قەتئىي چەكلەش ھەققىدە كەسكىن پەرمان چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مەسجىدلەر چېركاۋغا ئۆزگەرتىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئاشكار قىلالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئىبادەت بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان مۇسۇلماننى قاتتىق جازالاش، مال-مۈلكىنى پۈتۈنلەي مۇسادىر قىلىش ھەققىدە ئايرىم قانۇن چىقىرىلىدۇ.

١٥٧٤-يىلى ٨٠ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بىرلا ۋاقىتتا ئىسپانىيەدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى ئىسپانىيەدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدۇ. ١٦٠٨-يىلى چىقىرىلغان يېڭى قانۇندا، مۇسۇلمانلارنى ئىسپانىيەدىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقىرىش، چىقىپ كېتىشنى رەت قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈش بەلگىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسپانىيەدىن چىقىپ كېتىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ساتماسلىقى ۋە شۇنداق قويۇپ چىقىپ كېتىشى ھەققىدە مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈلىدۇ.

١٧٢٦-يىلى ئىسپانىيەدە قۇرۇلغان تەپتىش مەھكىمىلىرى ئىسپانىيەنى مۇسۇلمانلاردىن پۈتۈنلەي تازىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلاپ بىر يىل ئىچىدە ١٨٠٠ ئادەمنى مۇسۇلمانلىقنى يوشۇرۇن داۋام قىلدۇرغان دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

١٧٦٩-يىلى تەپتىش مەھكىمىسى ئىسپانىيەنىڭ قۇرتاجىنە شەھىرىدە بىر مەخپىي مەسجىد بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلار يوشۇرۇنغان شەھەر، يېزا-قىشلاقلارنى

(٢٦) ئىبراھىم سۈرىسى ١٣-ئايەت.

ئاربلاپ يۇرۇپ ئۆلارنى باشقا دۆلەتلەرگە ھەيدەپ چقىردۇ. شۇنداق قلىپ ئسپانىيەدە مۇسۇلمانلار ئاستا-ئاستا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى يوقتىدۇ. ئسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنس، ئىستانبۇل، شام، مسىر قاتارلىق جايلارغا يەرلشىدۇ.

## تاتارلارنىڭ ھجرىتى

١٥٥٥-يىلى تاتارىستان پايتەختى قازان شەھرى روسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، تاتارستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىر كۈنلىرى ۋە مەجبۇرىي ھجرەتلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ مەجبۇرىي ھجرەت شۇنداق نەچچە ئەسىر داۋام قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. چۈنكى روسلارنىڭ تاتارىستان مۇستەملىكە قىلىۋالغان ٥٠٠ يىللىق قارا تارىخىدىن بىرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشى ئۇ جايلارنى مۇسۇلمانلاردىن تازىلاشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. روسلار ١٥٥٥-يىلى تاتارىستاننى مۇستەملىكە قىلغىنىدىن باشلاپلا ئۇلارنى خىرىستىيان دىنىغا زورلاش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. تاتارىستاندا مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان دىنىغا زورلاش ھەرىكىتى ١٧-ئەسىرگىچە داۋام قىلدى. روسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان دىنىغا زورلاش ھەرىكىتى ئۇلارنى زورلاش ۋە ئىسلامىي مەدرىسلەرنى تاقاپ، ئۇرنىغا خىرىستىيان مەكتەپلىرىنى ئېچىش، خىرىستىيان بولغانلارغا ئالاھىدە كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىش، خىرىستىيان بولۇشنى رەت قىلغانلارنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىپ قېچىش، تاتارچە سۆزلەشنى مەنئى قىلىپ روسچە سۆزلەشكە زورلاش، مەسجىدلەرنى يىقىتىپ تاشلاپ، ئورنىغا چېركاۋلارنى سېلىش، مۇسۇلمان ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرۈش، ئۆلىمالارنى، زىيالىيلارنى تاتارىستاندىن پالاش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن داۋام قىلغان.

١٧٩١-يىلى قىرىمدىكى تاتارلارنىڭ يەر-زېمىنلىرى روس پادشاھلىقى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ١٠٠ مىڭدىن كۆپرەك تاتار مەجبۇرىي ھالدا تۈركىيەگە ھجرەت قىلغان. يەنە ١٨٦١-يىلى قىرىمدا يۈز بەرگەن قەتلىئام سەۋەبلىك مىڭلارچە تاتار تۈركىيەگە ھجرەت قىلغان. ١٩٠١-يىلى روسلارنىڭ ئاھالىلارنى روسلاشتۇرۇش سىياسىتى سەۋەبلىك يەنە مىڭلارچە تاتار تۈركىيەگە ھجرەت قىلغان.

١٩١٧-يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلابىمۇ تاتارلارغا كۆپلىگەن پالاكەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. روس كوممۇنىستلىرى تاتارىستاندىن مىڭلارچە ئائىلىنى سىبىرىيە ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلارغا پالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاتارىستاندىكى پۈتۈن دىنىي مەدرىسلەرنى كوممۇنىزم مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. كوممۇنىستلار كىرىشتىن ئىلگىرى تاتارىستاندا ١٥٠ مىڭ مەدرەسە بار بولۇپ، ١٩٢٧- يىلىغا كەلگەندە، تاتارىستان تەۋەسىدىكى دىنىي مەدرەسە سانى ٢٥٠كە چۈشۈپ قالغان. شۇ يىلى بارلىق دىنىي مەدرىسلەر تاقىۋېتىلگەن. ١٩٤٥- يىلىغا كەلگەندە، ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا شەھىرىدە بىر دىنىي مەدرەسە ئېچىپ، ئۇنى «پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەرنىڭ مەدرىسىسى» دەپ ئاتىغان. كوممۇنىستلار تاتارىستاننى ئىشغال قىلغان كۈندىن باشلاپ دىنىي ئوقۇتۇشنى مەنئى قىلغان، مەسجىدلەرنى تاقىغان، ئىسلامىي ۋەخپىلەرنى يىپىۋەتكەن ۋە ئىسلام مەھكىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

قىرىمدا بولسا، روس كوممۇنىستلىرى قىرىمنىڭ ئەسلى ئاھالىلىرى بولغان تاتارلاردىن مىليونلارچە كىشىنى باشقا جايلارغا پالاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئوكرائىنالىقلارنى، بۇلغارلارنى ۋە روسلارنى يەرلەشتۈرگەن. ١٩٤٥- يىلى روسلار قىرىمدىكى تاتارلارنى گېرمانىيەنىڭ تەرىپىنى تۇتقان دېگەن تۆھمەت بىلەن مەجبۇرىي پالاپ، بىر يېرىم مىليوندىن كۆپرەك تاتارنى يۇرتىدىن چىقارغان.

كېيىنچە قىرىمنى ئۇكرائىناغا قوشۇۋەتكەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە روسىيە ئۇنى ئۆزىگە ئالغان بولدى. روسلارنى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيانقى پالاش، يۇرتىدىن ھەيدەش سىياستى سەۋەبلىك ھازىر قىرىمدا تاتارلار ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ ئاران ١٢ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ قالغان. تاتارىستاندىكى ۋەزىيەتمۇ شۇنداق. چۈنكى تاتارىستاندىكى پالاش ھەرىكىتىمۇ شۇنداق داۋام قىلغان. تاتارىستانلىق تاتارلاردىن نۇرغۇنلىرى تۈركىيەگە مەجبۇرىي ھىجرەت قىلغان بولسا، نۇرغۇنلىرى ئۆزبېكىستان، سىبىرىيە قاتارلىق جايلارغا پالانغان.

خۇلاسە قىلغاندا، تاتارىستاندىكى ۋە قىرىمدىكى تاتار قېرىنداشلىرىمىز ٥٠٠ يىلغا يېقىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پالاش، ھەيدەپ چىقىرىش سىياستىنىڭ قۇربانى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە ئاز سانلىق بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھىجرەت قىلىپ يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن ئەمەس، پەقەت روسلارنىڭ زورلىشى سەۋەبلىك شۇنداق بولغان.

## مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئورتاق سىياستى

مۇستەملىكىچىلەر ئەزەلدىن ئۆزلىرى بېسىۋالغان جايلاردىكى خەلقنى شۇ جايلاردىن يىراقلاشتۇرۇش سىياستىنى قوللانغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېنگلىزلار ئامېرىكا ۋە ئاۋىستىرالىيەدە قەتلىئام قىلغاندەك قەتلىئام قىلىش يولىنى تۇتقان بولسا، بەزىسى روسلارغا ئوخشاش يۇرتىدىن پالاش يولىنى تۇتقان. يەنە بەزىسى خىتايغا ئوخشاش ئۆز ئادەملىرىنى كۆپلەپ يەرلەشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپلۈك ئىچىدە يەرلىك ئاھالىنى ئېرىتىپ يوق قىلىش ياكى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياستىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ھەر خىل تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق يەرلىك ئاھالىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش سىياستىنى قوللانماقتا.

١٩٥٥_ ۋە ١٩٦٢_ يىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سىتىۋېتىش سىياستىنى قوللانغان بولسا، ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ھىجرەت قىلدۇرۇش سىياستىنى قوللانماقتا. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى تەلەپ قىلىدىغان بىرەر دۆلەت بولمىغىنىدەك، ئۆتمۈشلەردىكىدەك مەجبۇرىي ھىجرەت قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھىجرەت سەپەرۋەرلىكىنى قىزىتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چېگرىدىن پاسپورتسىز چىقىۋاتقانلارنى كۆرمەسكە سالماقتا. سىرتتا بولسا پۇل تېپىشتىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان «ئادەم سودىگەرلىرى» ھەر خىل تەشۋىقاتلارنى قوللىنىپ ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ھىجرەت ئوتىنى سالماقتا. كاشكى خەلقىمىز بۇ سۇيىقەستلەرنى بىلسە ئىدى، دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشەنسە ئىدى.

### ٢١.سوئال: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نېمە بىلەن قوراللىنىشى ۋە يەنە نېمە قىلىشى كېرەك؟

تارىختىن بۇيان بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن پۈتۈن بالايىئاپەتلەر ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بىلىمسىزلىكىمىز، سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، ئاقكۆڭۈل ۋە ساددىلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىن كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئىلىم-مەرىپەت بىلەن قوراللىنىشىمىز ۋە سەزگۈر بولۇشىمىز كېرەك. ئىلىم-مەرىپەت بىلەن قوراللىنىش دېگەن كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ دىنىنى توغرا چۈشىنىشتىن باشلاپ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويۇشنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ دورىسىنى بىلىش، ھازىرقى ئەسىردە نېمە بىلەن قوراللىنىش لازىملىقىنى تىخىمۇ ياخشى بىلىش ۋە ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى گويا ئېغىر كېسەل دەردىدە كۆرپىگە چۈشۈپ قالغان بىمارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ كېسەلدىن ساقىيىشى ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويۇلۇشى، ئاندىن ئۇنىڭ توغرا دورىلار بىلەن داۋالىنىشى شەرت، خاتا دىئاگنوز ۋە خاتا دورا ئۇ كېسەلنى ئۆلتۈرگەندەك، خاتا پىلان ۋە خاتا ھەرىكەت ئىسلام ياشلىرىنى پايدىسىز نابۇت قىلىدۇ.

بىز ھەر ۋاقىت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن يۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە كۇففارلارنىڭ شۇنچىلىك كۆپ ئەزىيەتلىرىگە ۋە دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا سەبىر قىلغان. پەقەت مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ بولۇپ ئاندىن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتكە ئۆتكەن. مانا بۇ ھېكمەت، مانا بۇ ئەقىل-پاراسەت.

«زامان، شارائىت ھەمىشە مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. زامان چوقۇم ئۆزگىرەيدۇ. خار بولغانلار ئەزىز، ئەزىز بولغانلار خار بولىدىغان ۋاقىتمۇ كېلىدۇ. پەلەكنىڭ چاقى ھەمىشە شۇنداق ئايلىنىپ كەلگەن. بۇ خۇددى بۈرۈن ئۈچ قىتئەگە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قۇدرەتلىك، شانۇ-شەۋكەتلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ تائالا ﴿ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ ﴾[٢٧] يەنى ﴿ئۇ كۈنلەرنى بىز ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز﴾دېگەن. بۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسى بىرخىل داۋام قىلمايدۇ.

ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەتۈر تەشۋىقاتلارنىڭ زىيىنى بەك كۆپ بولماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنىلا بىزنىڭ سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم سەۋىيەسى تۆۋەن مۇللىلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېغىدا ئۆزىمىزنى قورۇپ، ئۆزىمىزنىڭ سېپى بىلەن ئۆزىمىزنى كەستۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى تىز ۋاقىت ئىچىدە خىتايلاشتۇرۇش سىياستىگە ھەسسە قوشۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، مەسىلەن: مەزكۇر ئاتالمىش ئەھلى ئىلمىلەردىننىڭ ئاساسى روھىنى تاشلاپ قويۇپ، «ساقال قويمىغانلار كاپىر بولىدۇ» دېگەندەك پەتۋالىرى ئارقىلىق ۋىجدانلىق دىندار ياشلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا قازاق قويدەك ئەپچىقىپ نىقاپسىزلاشتۇرۇپ بەرسە، «ھازىرقى مۇناپىق ئىماملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز جائىز ئەمەس» دېگەندەك، پەتۋالىرى ئارقىلىق، مەسجىدلىرىمىزنى جامائەتسىزلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. يەنە ئۇلار «ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالغانلار مۇسۇلمان ئەمەس» دېگەندەك پەتۋالىرى ئارقىلىق، پۈتۈن زاۋۇت – كارخانىلارنى، ئىدارە-جەمىيەتلەرنى%١٠٠ خىتايلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى دېھقانلاشتۇرۇش سىياستىگە ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ. مانا يېقىندىن بۇيان ھىجرەت پەرز دېگەندەك تەتۈر تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق دىيارىمىزدىكى ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ تۇرىۋاتقان ئاشۇ ئەزىز مىللىتىمىزنى ئائىلىۋى ۋەيرانچىلىققا، ئۆمۈر بويى مۇساپىرچىلىققا ۋە ۋەتەن ھەسرىتىگە چاقىرىش بىلەن، ۋەتەننى ئۇيغۇرسىزلاشتۇرۇش سىياستىگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

مانا بۇ تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغۇچىلار، دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغۇچىلار بولمىغان تەقدىردە، بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقلىرىدىنمۇ خەۋەرسىز، ئاقكۆڭۈل ئەمما جاھىل كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ تەتۈر تەشۋىقاتچىلارغا ئالدانغان ياكى ئالدىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئاقكۆڭۈل مۇسۇلمانلار، راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان بولسا، ھىجرەت قىلىدىغانىنىڭ ئورنىغا ۋەتەننى چىڭ ساقلاپ، شۇ يەردە قولىدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى قىلسا، جەننەتنى تېخىمۇ ئاسان تاپىدۇ، ئۇلار، يۇرتتىن

---

(٢٧) سۈرە ئالئىمران ١٤٠-ئايەت

ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشىمىزنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن پايدىلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندە، بىزگە ئوخشاش تولىمۇ كىچىكىپ قالغان بولىدۇ.